ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش ئىللىقلىق ئەتراپىمىزدا

ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، چۈنلىيەن ھەدىيە قىلىش، دېرىزىگە قىيما گۈل چاپلاش، بۇلۇتتا مۇبارەكلەش...

# ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كۆپ تەدبىر ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىر **شەن جۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: چاغان يېقىنلاشتى، ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، چۈنلىيەن ھەدىيە قىلىش، دېرىزىگە قىيما گۈل چاپلاش، تېپىشماق تېپىش، بۇلۇتتا مۇبارەكلەش، چاغانلىق كېچىلىكنى كۆرۈش، ھېكايە سۆزلەش، ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش» يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلىدى.

پائالىيەت سەككىز بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا: «يەتكۈزۈش — ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئادەمنى ئېلىپ قېلىش ئارقىلىق ئىللىقلىق يەتكۈزۈش» چاغاننى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى، «ھەدىيە قىلىش — شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ بەخت يەتكۈزۈش» چۈنلىيەن ھەدىيە قىلىش پائالىيىتى، «چاپلاش — چاپلاش ئارقىلىق يېڭى يىلدا يېڭى كەيپىيات يارىتىش» توردا دېرىزىگە قىيما گۈل چاپلاش پائالىيىتى، «تېپىش — تېپىشماق تېپىپ شادلىققا چۆمۈش» توردا تېپىشماق تېپىش پائالىيىتى، «ئىزھار قىلىش — ئېكراندا سۈرەتلىك بايان ئارقىلىق بەخت تىلەكلىرى ئىزھار قىلىش» بۇلۇتتا مۇبارەكلەش پائالىيىتى، «كۆرۈش — خۇشال كەيپىياتتا كالا يىلىنى كۈتۈۋېلىش» چاغانلىق كېچىلىكنى كۆرۈش پائالىيىتى، «سۆزلەش — ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزۈش ھېكايىسىنى سۆزلەش» تەشۋىقات پائالىيىتى، «ئىللىقلىق — سەمىمىيلىك، ئىللىقلىق ئارقىلىق ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش» «خوتۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر»نى يوقلاش، ھال سوراش پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «چاپلاش — چاپلاش ئارقىلىق يېڭى يىلدا يېڭى كەيپىيات يارىتىش» توردا دېرىزىگە قىيما گۈل چاپلاش پائالىيىتىنى ئېلان قىلدى، پائالىيەت ئويۇنىنىڭ ۋاقتى 50 سېكۇنت بولۇپ، باشلانغاندىن كېيىن، يان تېلېفون ئېكرانىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن قىيما گۈل تۆكۈلىدۇ، قىيما گۈلنى قول بىلەن ماس كېلىدىغان ئورۇنغا سىيرىپ ئەكەلسىلا نومۇر ئالالايدۇ. پائالىيەت باشلىنىشى بىلەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى.

«توردا دېرىزىگە قىيما گۈل چاپلاش ئويۇنىدىن مەن قويۇق چاغان پۇرىقى ھېس قىلدىم.» دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى لى يۈبىن ئويۇنغا قاتناشقاندىن كېيىن ئۇلانمىنى دوستلار چەمبىرىكىگە چىقاردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «گەرچە بۇ يىل ئۆيگە قايتىپ چاغان ئۆتكۈزەلمىگەن بولسامۇ، ئەمما بۇنداق پائالىيەتلەردىن مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ھەمدە ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدىم».

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز جايىدا چاغان ئۆتكۈزىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سەمىمىي ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش يارىدەم تولۇقلىمىسى بىلەن تەمىنلىشىگە، ئىسسىنا قوشۇپ ئىشلەش مائاش يارىدەم پۇلى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بايراملىق پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىزىل بولاق تارقىتىش، چاغانلىق مال يەتكۈزۈش، مۇبارەكلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ۋە كارخانا چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىكەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي بايلىق خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى

# «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىيۇ شياك** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي بايلىق خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي بايلىق خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، «14 - بەش يىل» ھەم 2021 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2021 - يىلى، ھەر دەرىجىلىك تەبىئىي بايلىق تارماقلىرى مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە تەبىئىي بايلىقتىن پايدىلىنىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش، قوغداش ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ يەر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەردىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تېرىلغۇ يەرنى قوغداش قىزىل سىزىقنى چىڭ ساقلاپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ گېئولوگىيەلىك چارلاش سېلىنمىسىنى زورايتىپ، قېزىلما بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئايلاندۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش؛ تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش؛ قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش؛ مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەبىئىي بايلىق ساھەسىدىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، گېئولوگىيەلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپ ئالدىدا، ھەرقايسى جايلاردىكى تەبىئىي بايلىق تارماقلىرى سىياسىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەپەككۇر تۇرغۇزۇپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىيدا كۈچلۈك، ئىقتىداردا كۈچلۈك، ئىستىلدا كۈچلۈك كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ سەككىز تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ سەككىز تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى. بۇ سەككىز تىپىك مەسىلە تۆۋەندىكىچە:

1. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى تاغقا چىقىش ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى دېڭ لىبىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش، پاراۋانلىق تارقىتىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2018 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە بولغان چاغان مەزگىلىدە، دېڭ لىبى تاغقا چىقىش ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان ئالىي دەرىجىلىك تاماكا، ئاق ھاراق قاتارلىق سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇلنى قوبۇل قىلغان، پۇلغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 10 مىڭ يۈەن بولغان؛ 2019 - يىلى 1 - ئايدا، ئىدارە سېتىۋالغان 175 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 50 يۈرۈش دالا قۇتقۇزۇش كىيىمىنى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە پاراۋانلىق سۈپىتىدە تارقاتقان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭدا يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. دېڭ لىبىغا پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى.

2. چۆچەك شەھىرى شاغجى چارۋىچىلىق مەيدانى پارتىيە كومىتېتىنىڭ سابىق شۇجىسى، سابىق مەيدان باشلىقى فۇ جۈگېينىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يىغىلىپ تاماق يېيىش، ھاراق ئىچىش مەسىلىسى. 2020 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، فۇ جۈگېي شاغجى چارۋىچىلىق مەيدانى يېزا ئىگىلىك 3 - ئەترىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەن مەزگىلدە، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يېزا ئىگىلىك 3 - ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى دۇبېك ئاخمېتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بەنزە ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار خادىملاردىن توققۇز كىشىنى تەشكىللەپ، دۇبېك ئاخمېتنىڭ ئۆيىدە يىغىلىپ تاماق يەپ، ھاراق ئىچىپ، نورمال خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. فۇ جۈگېيغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى، دۇبېك ئاخمېتكە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، باشقا كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇناسىپ بىر تەرەپ قىلىندى.

3. كورلا شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى خۇ خۇيجۈننىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا زىياپەتنى قوبۇل قىلىش، سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2016 - يىلى 10 - ئايدىن 2020 - يىلى 4 - ئايغىچە، خۇ خۇيجۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى ئىشلىتىپ شەخسىي ئىشنى بېجىرگەن؛ كۆپ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئوبيېكتى تەشكىللىگەن زىياپەت پائالىيىتىنى قوبۇل قىلغان، ھەمدە ئىستېمال كارتىسى قاتارلىق سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلغان، پۇلغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 56 مىڭ 100 يۈەن بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭدا يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. خۇ خۇيجۈنگە پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى.

4. ئاتۇش شەھىرى تۈگۈرمەتى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى تەۋەككۇل داۋۇتنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا زىياپەتنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى. 2020 - يىلى 7 - ئايدا، تەۋەككۇل داۋۇت بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا مۇلازىمەت ئوبيېكتى دېھقانلار ئارامگاھىدا تەشكىللىگەن زىياپەت پائالىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، جەمئىي 2000 يۈەن ئىستېمال قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭدا يەنە ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. تەۋەككۇل داۋۇتقا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، مەمۇرىي چوڭ گۇناھ يېزىش جازاسى بېرىلدى.

5. باي ناھىيەسى ياتۇر يېزىلىق مائارىپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمەت ئىمەرنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا زىياپەتنى قوبۇل قىلىش، سوۋغاتلىق بۇيۇم قوبۇل قىلىش مەسىلىسى. 2018 - يىلى 8 - ئايدىن 2019 - يىلى 5 - ئايغىچە، مەمەت ئىمەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئوبيېكتى تەشكىللىگەن زىياپەتنى قوبۇل قىلغان، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان قاشتېشى بىلەزۈكنى قوبۇل قىلغان، پۇلغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 7000 يۈەن بولغان. مەمەت ئىمەرگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

6. قاراماي شەھەرلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى تيەن شىنشىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش مەسىلىسى. 2016 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە بولغان چاغان مەزگىلىدە، تيەن شىنشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان جەمئىي 40 مىڭ يۈەن پۇلنى قوبۇل قىلىپ، جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. تيەن شىنشىغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

7. ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى ساقچى ئىشلىرى كاپالەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ گاۋسېينىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلنى ھۆكۈمەت پۇلىغا بېقىش مەسىلىسى. 2018 - يىلى 1 - ئايدىن 2019 - يىلى 3 - ئايغىچە، جاڭ گاۋسېي ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى بولغان مەزگىلدە، ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزاق مۇددەت بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا شىنشىڭ كوچىسى ساقچىخانىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىغا ماي قاچىلاش كارتىسىنى ئىشلىتىپ شەخسىي ئاپتوموبىلىغا ماي قاچىلىغان، جەمئىي سوممىسى 21 مىڭ 500 يۈەن بولغان. جاڭ گاۋسېيگە پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

8. سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش گۇرۇھى ماناس ئاشلىق، ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، دىرېكتور جاڭ جيېچيەننىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قىزىنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى. 2019 - يىلى 12 - ئايدا، جاڭ جيېچيەن قىزىنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن مەزگىلدە، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئوبيېكتىدىن 36 كىشىنى تەكلىپ قىلغان، ھەم جەمئىي 18 مىڭ 100 يۈەن سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلغان. جاڭ جيېچيەنگە پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

يۇقىرىقى سەككىز مەسىلىنىڭ ھەممىسى پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ياكى ئىزچىل داۋاملاشقان، بۇ، تىپىك نەپسىنى يىغماسلىق، قولنى تارتماسلىق قىلمىشى بولۇپ، «تۆت خاھىش» ھەم ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئۆزگىرىش مەسىلىسىنىڭ دەرەخ يىقىلسىمۇ يىلتىزى ساقلىنىپ قالغاندەك ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، جەزمەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، «تۆت خاھىش»تىن ئىبارەت جاھىل كېسەلنى ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ تەرتىپكە سېلىش كېرەك. چاغان كېلەي دەپ قالدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئاچقۇچلۇق ھالدا «ئىككىنى قوغداش» سىياسىي يۈكسەكلىكىدىن قاراپ چىقىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، بايرامنى پاك ئۆتكۈزىدىغان، كەيپىيات توغرا، ئىستىل دۇرۇس بولغان بايرام كەيپىياتىنى يارىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزغان - تۇرغۇزمىغانلىقى، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرغان - ئاشۇرمىغانلىقى، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە رىئايە قىلغان - قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان مۇھىم ئۆلچەم قىلىپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىپ، باشلامچىلىق بىلەن بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئىستىلىنى كۈندىلىك ئادەت ۋە ئاڭلىق مىزانغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك ئىستىلىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى، يېڭى ئىپادىسىگە چىڭ قادىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا سوۋغا بېرىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا ساياھەت قىلىش، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىش ھەمدە يېمەك - ئىچمەكنى ئىسراپ قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھاراق ئىچىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا داڭلىق، قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات، سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش - بېرىش مەسىلىسىنى قاتتىق تۈزەپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ئىگىلىۋېلىش ھەمدە خۇسۇسىي تىجارەتچى لوبەنلەرنى شەخسىي ئىستېمال قىلمىشى ئۈچۈن پۇل تۆلەتكۈزۈش قاتارلىق ئىمتىياز ئىدىيەسى، ئىمتىياز ھادىسىسىنىڭ ھەر ۋاقىت ئالدىنى ئېلىپ، ئېلېكترونلۇق قىزىل بولاق قوبۇل قىلىش - بېرىش، شەخسىي ئاپتوموبىلنى ھۆكۈمەت پۇلىغا بېقىش، «بىر ئۈستەللىك تاماق» قاتارلىق يوشۇرۇن شەكلى ئۆزگەرگەن «تۆت خاھىش» مەسىلىلىرىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇپ، شامالغا قارشى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، نامىنى ئاتاپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ ئاشكارىلاپ، قەتئىي تۈردە قايتا باش كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، يوشۇرۇن ئۆزگىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئۆرۈشتىن چارچاش - بىزار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك؛ «تۆت خاھىش»نى تۈزىتىش ۋە يېڭى ئىستىل تىكلەشنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنى پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئائىلە ئىستىلى، ئائىلە تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياخشى ئەنئەنىنى يېڭى مۇساپىگە ھەقىقىي باشلاپ كىرىپ، ياخشى ئىستىلنى يېڭى دەۋردە ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.